# 5261 - ھەج قىلىشقا قادىر بولۇش دېگەن نېمە؟

## سۇئال

ھەج قىلىشقا قادىر بولۇشتىن نېمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ھەج قىلىشقا قادىر بولۇشتىن: سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى، ھەرەمگە بېرىپ - كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر تۈرلۈك قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ كىراسى، يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي قاتارلىقلارغا يەتكۈدەك ئىقتىسادىنىڭ بولۇشى ۋە ئائىلىسىدە قالغان كىشىلەرنىڭمۇ قىينىلىپ قالماسلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئايال كىشى بولسا ئېرى ياكى باشقا مەھرەملىرى بىلەن بىرگە چىقىشى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.